# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياخشى ئىشلەندى، كۆزلۈك يىغىمغا دەخلى يەتكۈزمىدى

## باركۆل ناھىيەسىنىڭ دالا كۆكتاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش كاپالەتكە ئىگە بولدى

**ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۇرۇڭ، جۇۋ فېڭ خەۋىرى:** ھازىر، دەل باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى ھەر قايسى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى تېرىغان دالا كۆكتاتلىرى كەڭ كۆلەمدە پىشىدىغان مەزگىل بولۇپ، باركۆل ناھىيەسى نوڭفېڭيۈەن كۆكتاتچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسە، بىر تەرەپتىن كۆكتاتلارنى دەرھال يىغىپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك»نى ئىشقا ئاشۇردى.

نوڭفېڭيۈەن كۆكتاتچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى جياڭ خەيتاۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىلقى كۆكتاتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، ئۈزۈش - يىغىش پىلانى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ كوپېراتىپ خادىملارنىڭ توپلىشىۋالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۈركۈمگە بۆلۈپ كۆكتات ئۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈزۈش خادىملىرىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى كۈندە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە ھەر قايسى نۇقتىلارنى دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

نوڭفېڭيۈەن كۆكتاتچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى 2011 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كۆكتات تېرىش، يىغىپ ساقلاش، توشۇش، يېڭى پېتى ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ كوپېراتىپ «بازا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقانلار ئائىلىسى»دىن ئىبارەت تىجارەت ئەندىزىسىگە تايىنىپ، كوپېراتىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئوراش - قاچىلاش، توشۇش ھەمدە كۆكتاتنى سۇسىزلاندۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان تىجارەت ئەندىزىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. نۆۋەتتە، نوڭفېڭيۈەن كۆكتاتچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى، توڭلىتىش ئامبىرى، ئوراپ - قاچىلاشتا ئىشلىتىدىغان كۆپۈك ساندۇقى ئىشلەپچىقىرىش سېخى، سۇسىزلاندۇرۇش زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇردى ھەمدە توڭلىتىش، ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئالاقىدار ئۈسكۈنىلەرنى سەپلىدى.

ئىگىلىنىشچە، ئۆتكەن يىل نوڭفېڭيۈەن كۆكتاتچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كۆكتات ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 7200 توننىدىن، مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون يۈەندىن ئاشقان. بۇ يىل 10 مىڭ مو يەرگە دالا كۆكتاتى تېرىلغان بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 3200 مو ئاشقان.

نۆۋەتتە، تۈرلۈك كۆكتاتلار ئارقا - ئارقىدىن پىشىپ يىغىۋېلىنىپ، سىرتقى جايلارغا تارقىتىشقا تەييارلاندى. ئەمما، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، كۆكتاتنى سىرتقا توشۇش جياڭ خەيتاۋ ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا قارىتا، شىرىنزى يېزىسىدىكى كادىرلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلاشقۇچى بولۇپ، ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ياردەم بېرىپ، كوپېراتىپنىڭ سىرتقا كۆكتات سېتىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى. «ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، سىرتقا سېتىلىدىغان كۆكتاتلارنى توشۇش يولى ئېچىلدى، يېڭى كۆكتاتلارنىڭ ئاھالىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگە ۋاقتىدا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى جياڭ خەيتاۋ. (08)



يېقىندا، يەرلىك كۆكتاتلارنىڭ كۈندىلىك بازارغا سېلىنىش مىقدارى 200 توننىدىن ئاشتى. شەھىرىمىزدىكى كۆپ تارماقلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆكتات باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھەم كۆكتاتچىلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزمىدى، ھەم شەھەر ئاھالىلىرىنى تەكسە باھالىق يېڭى كۆكتاتلارنى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

□ مۇخبىرىمىز لى خۇا فوتوسى





➡ 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كۆكتات سودىگەرلىرى دۇڭجياڭچۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال سودا بازىرىدا دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان جاڭدۇلارنى تاللاپ سېتىۋالماقتا.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تۇلپار تاللا بازىرى تەيخې دۇكىنىدىكى خىزمەتچى خادىملار زاكاز بويىچە خېرىدارلارغا يەتكۈزۈلىدىغان كۆكتاتلارنى تەقسىملىمەكتە.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تەمنات - سودا كوپېراتىپى تۇرالغۇ رايونىدىكى پىدائىي ئاھالىلەرگە كۆكتات يەتكۈزمەكتە.

### ھالىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

دۆلەت ئېلېكتىر تورى قومۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى:

# ئېلېكتىر ئېنېرگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى



دۆلەت ئېلېكتىر تورى قومۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى توك يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆلچەش ساندۇقىنى تەكشۈرمەكتە.
□ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز فېڭ يى فوتوسى

**ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز فېڭ يى خەۋىرى:** «سىلەرنىڭ بۇ ئالاھىدە مەزگىلدە، بەخت چوڭ قورۇسى ۋە گۆش توشقىنى باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ توكىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بىرىنچى ۋاقىتتا غەم - ئەندىشىمىزنى تۈگەتكىنىڭلارغا رەھمەت.» بۇ، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى باچاڭزى يېزىسى باغشى ئۇبا كەنتىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان گۆش توشقىنى باقمىچىلىق مەيدانىدا، باچاڭزى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ليۇ ۋېنچاۋنىڭ سائەت ئورنىتىپ، توك ئۇلىغىلى كەلگەن دۆلەت ئېلېكتىر تورى قومۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا دېگەن سۆزى.

بۇ يىل باچاڭزى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەسلىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىپ، يېڭىدىن باچاڭزى يېزىلىق يېزا بەخت چوڭ قورۇسىنى قۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن مەركەزلىك خەۋەر ئېلىشقا ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇ جايدا قومۇل شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ گۆش توشقىنى باقمىچىلىق مەيدانى قۇردى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، دۆلەت ئېلېكتىر تورى قومۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى بەخت چوڭ قورۇسى ۋە گۆش توشقىنى باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ ۋاقتىدا توك بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت بىلەن پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتىنى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى، تۈرنىڭ يۈك مىقدارى ئەھۋالىغا ئاساسەن، توك بىلەن تەمىنلەش تەپسىلىي لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ كۈنى، بۇ شىركەتنىڭ پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتى ئەزالىرى ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيەسىنى توك يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرى كۆزىتىپ، ئۆلچەش ساندۇقىنى تەكشۈرۈپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە بەخت چوڭ قورۇسى ۋە گۆش توشقىنى باقمىچىلىق مەيدانىغا توك يەتكۈزدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەنتلەردىكى نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئېلېكتىر تورى قومۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ھۆكۈمەت بىلەن پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تۈرلەرنى يولغا قويۇش سۈرئىتىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئېلېكتىر تورىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي بولغان توك بىلەن تەمىنلەش لايىھەسىنى تۈزۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسپىلىرىنى كۈچلۈك ئېلېكتىر ئېنېرگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. (08)

باركۆل ناھىيە داخې بازىرى شاڭخۇ كەنتى:

# چوڭ گۇرۇپپىنى كىچىك گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمىدى

**ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ يۇرۇڭ، جاۋ خەيچېن خەۋىرى:** ئوخشىمىغان بۇغدايلارنىڭ پىشىش مەزگىلىگە كىرىشكە ئەگىشىپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى داخې بازىرى شاڭخۇ كەنتى نۆۋەتتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ ئادەم ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇشنى ئىككى ئادەم گۇرۇپپا بولۇپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىدىن تەڭلا مول ھوسۇل ئېلىشنى كۈچەپ ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، شاڭخۇ كەنتى ئاھالىسى چېن شۆيى بىلەن ئاناربېك زاقان ئېتىزلىقتا ئېتىز قىرى سېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

2017 - يىلى، شاڭخۇ كەنتىدىكى 10 ئائىلىلىكنىڭ ھەر بىرى 140 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى ئۆبوروت قىلىپ، بىرلىشىپ بۇغداي تېرىشقا باشلىدى. 10 ئادەم بىرلەشكەندە، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋالغاندا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولۇپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي، يەنە ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى جەريانىدا ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. يېقىندا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، كەنت ئەسلىدىكى 10 ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇشنى ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇشقا ئۆزگەرتىپ، بۇغداينىڭ پىشىش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

گەرچە ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلار يەنىلا ئۆزئارا ياردەم بەردى. ئاناربېك بىر چېگرا قوغدىغۇچى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: بىز 50 نەچچە مو يەر تېرىدۇق، مەن چېگرانى قوغدىغىلى كەتكەندە، ئۇلار ماڭا ياردەملىشىپ سۇغىرىپ بەردى، يەر تېرىشتا بىلمىگەن تەرەپلەرنى ماڭا سۆزلەپ بەردى.

ئېتىز بېشىدا ما جيەنيى، چېن شۆيى ۋە ئاناربېك ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى تېخنىكىسى، كېسەللىك ۋە ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. (05)

# پۇ چاڭجياڭنىڭ شېرىن كەسپى

□ دۇ ياجۈەن، تيەن تېڭشەن (ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز)

«ھەرە كۆنۈكىدىكى ھەسەل بىر ئايدا بىر قېتىم توشۇپ ئاندىن ئېلىنىدۇ.» 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى شىرىنزا يېزىسى شىرىنزا كەنتى 7 - گۇرۇپپىسىنىڭ يېمەكلىك ئاپتاپپەرەس ئېتىزلىقىنىڭ يېنىدا، ھەسەل ھەرىسى باققۇچى پۇ چاڭجياڭ مۇخبىرغا ھەرە كۆنىكىدىكى ھەسەلنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ يىل 57 ياشقا كىرگەن پۇ چاڭجياڭ 1983 - يىلىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ھەسەل ھەرىسى باققان بولۇپ، كۈنلەر كۈنلەرگە، ئايلار ئايلارغا، يىللار يىللارغا ئۇلىشىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىغا ئايلانغان.

ھەسەل ھەرىسى بېقىش - ئېنىقكى، «گۈل قوغلىشىپ» يۆگۈرگەنگە ئوخشاش ئىش. ئەتىياز پەسلىدە، ئۈۋرغول رايونىدا جىگدە چېچىكى، گازىر تاۋۇزى چېچىكى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۇ چاڭجياڭ ئۈۋرغول رايونىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ ئېتىز ئېرىقلىرىدا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ؛ 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، باركۆلدىكى يېمەكلىك ئاپتاپپەرەسلىرى ئارقا - ئارقىدىن چېچەكلەش مەزگىلىگە كىرىدۇ، پۇ چاڭجياڭ ھەسەل ھەرىلىرىنى ئېلىپ يېمەكلىك ئاپتاپپەرەس ئېتىزلىرىدا «بارگاھ» قۇرىدۇ؛ قىش پەسلىدە پۇ چاڭجياڭ «گۈل قوغلىشىپ» ئىچكىرىگە كېتىدۇ.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، پۇ چاڭجياڭ ھەرە كۆنىكى ھەسلى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. ھەرە كۆنىكى ھەسلى ھەسەل ھەرىلىرى ئۆزى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ھەم موملاپ ھىملايدىغان ھەسەل، ھەرە كۆنىكى ۋە ھەسەلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بىر خىل پىشقان ھەسەل، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە ئۈنۈمدىكى ئاكتىپ ماددىلار ئادەتتىكى ھەسەلنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپ، ياخشى باھادا ساتقىلى بولىدۇ.

ھەسەل سۈپىتىنىڭ يۇقىرى، سېتىش يولىنىڭ راۋان بولۇشى ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۇ چاڭجياڭنىڭ غەيرىتىنى ئېشىمۇ ئاشۇردى. 2019 - يىلى پۇ چاڭجياڭنىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىشتىن قىلغان يىللىق كىرىمى 100 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇ شېرىنكىلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، مەھسۇلات تۈرلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئايرىپ، جىگدە ھەسلى، چىلان ھەسلى، ياۋا گۈل ھەسلى، قىچا ھەسلى، ئاپتاپپەرەس ھەسلى، ئانا ھەرە شىرنىسى، گۈل چېڭى قاتارلىق كۆپ خىل ئەسلىي ئېكولوگىيەلىك ھەسەل مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

«بۇ ئىشنى قىلغاندا دالىدا يۈرۈيدىغان گەپ، دائىم ھەسەل ھەرىسى چېقىۋالىدۇ، ناھايىتى جاپالىق، ئەمما بۇ ئاتا كەسپىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەلبىم ھەسەلدەك شېرىنلىككە تولىدۇ.» دېدى پۇ چاڭجياڭ. (09)

جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرايلى